# شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھېكايىلىرى

(بېشى 1 - بەتتە)

نامراتلىقنىڭ ھەقىقىي تېگى - تەكتىنى ئىنقىلاپ، كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قاراتمىلىق ھالدا ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش بىلەنلا بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، باش شۇجىنىڭ سىيماسى قەھرىتان سوغۇق تەيخاڭشەن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدە پەيدا بولدى.

خېبېي ئۆلكىسىنىڭ فۇپىڭ ناھىيەسى لوتۇۋەن كەنتىدە، نامرات ئاھالە تاڭ رۇڭبىن ئىلگىرى كۆرگەن ئەڭ چوڭ ئەمەلدار يېزا باشلىقىلا ئىدى. شۇ كۈنى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گۇ رۇنجىن تاڭ رۇڭبىننىڭ ئۆيىگە كىلىپ، يۇقىرىدىن ئادەم كىلىپ كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولدى، دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىملىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتمىدى. ئويلىمىغان يەردىن كەلگىنى دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ، تاڭ رۇڭبىن جىددىيلەشكىنىدىن بىر كېچە تەييارلىغان گېپىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى «ھەقىقىي نامراتلارنى كۆرۈش» دېدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: مەيلى يول قانچىلىك يىراق، شارائىت قانچىلىك جاپالىق بولسۇن، ھەممىسى بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ مەقسىتىگە بويسۇنۇشى كېرەك.

باش شۇجى شۇ جايدىكى كادىرلارغا مۇنۇلارنى دېدى: «مەخسۇس بۇ يەرگە كۆپچىلىكنى يوقلاپ كېلىشىم دەل دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى نامراتلىق ھالىتى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن. سىلەر ماڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرسىتىشىڭلار كېرەك، ئۇنداق ھەقىقىي بولمىغان نەرسىلەرنى كۆرمەيمەن. شۇڭا يىراقراق مېڭىپ، كۆرگىنىمىز ئازراق بولسىمۇ، ھەقىقىي بولسىلا، ئاندىن ئەرزىيدۇ!»

ئۆيىدىكىلەردا قانچە ئادەم بار، ئاكا - سىڭىللار قانچە، نەچچە مو يېرىڭلار بار، ھوسۇل قانداقراق، يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش قانداقراق ئىكەن... ھەقىقىي نامراتلىقنى كۆرۈپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، باش شۇجى بىر - بىرلەپ ئىنتايىن تەپسىلىي سورىدى.

ئوچاق بېشىدىكى تۆمۈر قازاندىن ھور چىقىپ تۇراتتى. باش شۇجى تۇۋاقنى ئېچىپ، قازاندا موما، كۆمەقوناق قوتۇرمىچى، خۇگشۇ، ياڭيۇ ۋە كاۋا دۆملەنگەنلىكىنى كۆردى.

تاڭ رۇڭبىننىڭ خوتۇنى قازاندىن بىر پارچە دۆملەنگەن ياڭيۇنى ئېلىپ باش شۇجىغا سۇندى. باش شۇجى بىر پارچە ئوشتۇپ ئاغزىغا سېلىپ: «تەمى ياخشى ئىكەن!» دېدى، يەنە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە تېتىپ كۆردى.

تۆمەن چاقىرىملىق مۇساپىدە، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قەدىمى ھەربىر مەركەزلىك تۇتاش كەتكەن ئالاھىدە نامرات رايونغا يەتتى. دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرىدا، ئېتىز باشلىرىدا، بىر چاسا ئۇستەلدە، بىرنەچچە ئورۇندۇقتا، پۇقرالارنىڭ دەرد - ئەھۋالىنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ، نامراتلىق تۈگۈنىنى ئىنچىكە پەرقلەندۈردى. لوتوۋەن كەنتىدە يۈزبەرگەندەك بۇنداق ھېكايىلەر يەنە ناھايىتى كۆپ.

(2)

## ھېسابات دەپتىرىنىڭ ھېكايىسى ——

## «نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، تۈرلەر بويىچە يېتەكلەش، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتىن ئىبارەت»

شىبادۇڭ كەنتى شىياڭشىدىكى بىر ئادەتتىكى كىچىك كەنت.

فۇپىڭغا سەپەر قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، 2013 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەردە «نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش»تىن ئىبارەت مۇھىم باياننى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى.

خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خۇايۈەن ناھىيەسى شىبادۇڭ كەنتى ۋۇلىڭشەن تاغ تىزمىسىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بولۇپ، خىلۋەت تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى مياۋزۇلار تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نامرات كەنت ئىدى. باش شۇجى شىبادۇڭ كەنتىگە كەلگەن ئاشۇ يىلى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 57%كە يەتكەن.

كەنت ئاھالىسى شى بوسەننىڭ ئېنىق ئېسىدە قېلىشىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ كەلگەندە، بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كىرىم - چىقىم ھېساباتىنى قىلىپ، قانداق قىينچىلىق بارلىقىنى، نېمىلەرنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپ، ئۇنىڭ ئاشلىق ئامبىرى، ئورۇن - كۆرپىسى، ئاشخانىسى، چوشقا قوتىنىنى كۆزدىن كەچۈرگەن، بىر ئائىلە كىشىلىرنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرگەندى.

«ئۇ كۆپچىلىكتىن نېمە تېرىش، نېمە بېقىش، كىرىمنى نەدىن ئاشۇرۇشنى بىلىپ يېتىشنى، چوڭ شوئار توۋلىماسلىقنى، يەتكىلى بولمايدىغان نىشان بېكىتۋالماسلىقنى ئۈمىد قىلدى. نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، تۈرلەر بويىچە يېتەكلەش، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتىن ئىبارەت» دەپ ئەسلىدى كەنت ئاھالىسى شى چېڭفۇ.

2016 - يىلى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن خۇنەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىش نەق مەيدانى:

باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋەكىللەر بىلەن بىللە بىر تەرەپتىن ئېينى چاغدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلىگەچ، بىر تەرەپتىن كىرىمنى ئاشۇرۇش ھېساباتىنى قىلىشقا باشلىدى.

«مەن ‹نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش›نى شىبادۇڭ كەنتىدە رەسمىي ئوتتۇرىغا قويغان» «ھازىر كىشى بېشى كىرىم قانچە؟» دەپ سورىدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

«سىز ئەينى يىلى كەلگەندە 1680 يۈەن ئىدى، ھازىر 3580 يۈەنگە كۆپەيدى.» شياڭشى تۇجيازۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئوبلاست باشلىقى گو جيەنچۈن باش شۇجىغا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: شىبادۇڭ كەنتىدە پۇقرالارنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ، كەنت قىياپىتى ئۆزگىرىپ، ئۆلكە بويىچە مەدەنىي كەنت ۋە ساياھەتتىكى نۇقتىلىق كەنت بولۇپ قالدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆلكىسى كۆپەيدى، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش ئارزۇسى كۈچەيدى، يېشى چوڭىيىپ كەتكەن ياش يىگىتلەرنىڭ «بويتاقلىقتىن قۇتۇلۇش» مەسىلىسى ھەل قىلىشمۇ ئاسانلاشتى.

«بۇلتۇر قانچە ئادەم ئۆيلەندى؟» دەپ سورىدى باش شۇجى.

«يەتتە، يەنى ‹بويتاقلىقتىن قۇتۇلغان› يېشى چوڭىيىپ كەتكەن ياشلاردىن يەتتىسى» دېدى گو جيەنچۈن.

باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «يېقىنقى بىر مەزگىلدە بەزى چاتما خەۋەرلەرنى كۆردۈم، كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، ئەسلىدىمۇ ئۆلگە كۆرسىتىش رولى ئوينايتتۇ. تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ ئېنىق تەپەككۇر، تېخىمۇ دەل تەدبىر ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

2016 - يىلى، شىبادۇڭ كەنتى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«ھېسابات قىلىش» نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتىكى ئەڭ جانلىق شەرھلەش بولۇپ قالدى.

2017 - يىلى چاغاننىڭ ئالدىدا، بېيجىڭنىڭ شىمالىدىن 200 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭجياكوۋ شەھىرى جاڭبېي ناھىيەسىدىكى نامرات كەنت دېشېڭ كەنتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ كەنت ئاھالىسى شۇ خەيچېڭنىڭ ئۆيىنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا كىرىم - چىقىم ھېساباتىنى بىر - بىرلەپ قىلىپ بەردى: «ياڭيۇ ئەسلىي ئۇرۇقلۇقىنى ئۈچ مو يەرگە تېرىسا، مو بېشى ھوسۇلى 2000 جىڭ بولىدۇ، بىر جىڭدىن ئىككى يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ؛ ئادەتتىكى تاۋار ياڭيۇنى 15 مو يەرگە تېرىسا، ھەر جىڭى بەش مو بولىدۇ».

«بۇ باھا پەرقى بەكلا چوڭ ئىكەن.» باش شۇجى شى جىنپىڭ نامرات ئاھالىنىڭ كىچىك ھېسابات دەپتىرىدىن كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: ياڭيۇ چوڭ كەسىپ. ئۇ شۇ جايدىكى كادىرلاردىن ياڭيۇ ئەسلىي ئۇرۇقلۇق سورتىنى تېرىشتىن ئىبارەت بۇ تۈرنى كېڭەيتىشتىن ئۈمىد بارمۇ؟ دەپ سورىدى.

«ئۈمىد بار، پۈتۈن ناھىيەمىزنىڭ ياڭيۇ سورتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خاۋ فۇگو.

باش شۇجى شى جىنپىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى يولۇڭلار بار بوپتۇ، ئەمدىكى گەپ ئۇنى قانداق بازارلاشتۇرۇش، كۆلەملەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا».

بۇنداق كۆرۈنۈشلەر ناتونۇش ئەمەس.

جياڭشى جىڭگاڭشەننىڭ شېنشەن كەنتىدىكى جاڭ چېڭدېنىڭ ئائىلىسىدە، چېڭخەينىڭ خۇجۇ تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى بەنيەن كەنتىدىكى لۇ يوۋجىن ئائىلىسىدە، ئەنخۇي جىنجەيدىكى ۋاڭ نېڭباۋ ئائىلىسىدە، چىن زىبشىن ئائىلىسىدە، نىڭشيا گۇيۈەن ياڭلىڭ كەنتىدىكى ما كې ئائىلىسىدە... باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلارنى يۆلەش قوللانمىسىنى بىرمۇبىر ۋاراقلاپ كۆردى، «ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈش بىۋاستە تولۇقلىمىسى» «ئامەۋى مەنپەئەت ئورنى يادرەم تولۇقلىمىسى» «پىلانلىق تۇغۇت مۇكاپاتى» «ئەمگەك مۇلازىمەت كىرىمى»، ئۇ ھەربىر تۈرلۈك نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كىرىمى ۋە چىقىمنى تەپسىلىي سوراپ، قىيىنچىلىقى بار ئاما بىلەن بىللە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىنى پىلانلىدى.

نامرات ئاھالىلەرنىڭ كىرىم - چىقىم ھېساباتىنى قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتە زادى قانچىلىك نامرات نوپۇس بار، ھەربىر ئائىلە، ھەربىر نوپۇسقىچە دەل جايىدا توغرا ئېنىقلىغلى بولامدۇ - يوق، مانا بۇ ھېسابات نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشنىڭ ئاساسىدۇر.

«ئەھۋالارنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىلا، خىزمەتنى ئائىلىلەرگىچە ئىشلىگىلى، دەل جايىدا ئىشلىگىلى بولىدۇ. قىيىنچىلىقى بار يۇرتداشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىش قاراتمىلىقتا ئىگە بولۇشى، ھەربىر ئائىلە، ھەربىر نوپۇسنىڭ ئەھۋالىنى ئىنقىلاپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىشىدا كۆڭۈلدە سان بولۇشى كېرەك.» خېبېينىڭ فۇپىڭ ناھىيەسىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى يوقلىغاندا ۋە ئۇلاردىن ھال سورىغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەنە شۇنداق تەكىتلىدى. 2013 - يىلى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق كۆرسەتتى: نامراتلارنى يۆلەشتە «گىرانىت بىلەن بۇرگىنى پارتلىتىدىغان ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ»، «باستۇرۇپ سۇغىرىش»قا بولمايدۇ، نامرات نوپۇسنى دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈش، دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش، دەل جايىدا باشقۇرۇش كېرەك.

باش شۇجى ئېيتقاندەك «كۆڭۈلدە سان بولۇش» «دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈش» نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بىۋاستە كۆرسىتىپ بەردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە، بىر تۈرلۈك مىسلى كۆرۈلمىگەن نامرات نوپۇسقا ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىش خىزمىتى پۈتۈن مەملىكەتتە قانات يايدۇرۇلدى. 2014 - يىلى، نامراتلارنى يۆلەش سىستېمىسى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە نامراتلارنى پەرقلەندۈرۈشنى قانات يايدۇردى. ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىش، دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلار سانلىق مەلۇماتىنىڭ تۇنجى قېتىم كەنتكىچە، ئائىلىگىچە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلىشىشى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ «ھېسابات»نىڭ بولۇشى بىلەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش «تېمىتىپ سۇغىرىش شەكلى»دىكى نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش يېڭى باسقۇچقا كىردى.

كىچىك ھېسابات دەپتىرى، ئۇلۇغ مېھىر - مۇھەببەت. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئاساسىدا، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئىلمىي خۇلاسىلەپ ۋە نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تەدبىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگونىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ زور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىنغاندىن بۇيانقى يەتتە يىلدا، جۇڭگودىكى نامرات نوپۇس 90 مىليوندىن ئارتۇق ئازايدى، بۇ، بىر ئوتتۇراھال دۆلەتتىكى نوپۇسنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىگە توغرا كېلىدۇ.

(3)

## چاي ۋە مېۋىنىڭ ھېكايىسى ——

## «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق، بېيىغاندا پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك»، بۇ سۆز ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان»

بىر ئىستاكان خۇش پۇراق ئەنجى ئاق چېيىنى قولىغا ئالغاندا، كەنت ئاھالىلىرنى بېيىتقان بۇ ئالتۇن يوپۇرماقلار ئىلگىرى پەقەت چەت تاغلىق كەنتتىكى ئادەتتىكى زىرائەت ئىدى.

جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەنجى ناھىيەسى شىلۇڭ يېزىسى خۇاڭدۇ كەنتىدىكى ئاق چاي بازىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مەسئۇلى مېي شىيگېنىڭ ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە: 2003 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، شۇ چاغدا جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شى جىنپىڭ پاتقاق يولنى بويلاپ چايزارلىققا كىرىپ ئاق چاينى كېڭەيتىپ تېرىش ئەھۋالى —— ئاق چاينىڭ قانداق كىرگۈزۈلگەنلىكى، قانداق قەلەمچە قىلىپ تىكىلگەنلىكى، يىغىش، پىششىقلاش، سېتىش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى سورىغانىدى.

«ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى تۇرۇپ چايزارلىقتىكى ئىشلارنى بۇنچىلىك ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن.» مېي شىيگې ئەسلەپ مۇنداق دېدى: شۇ قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئەنجى ناھىيەسىنىڭ ئاق چاي كەسپى ھالقىما تەرەققىياتقا ئېرىشتى، ھۆكۈمەت «ئاق چاي يۇرتى» سۈپەتلىك ماركىسىنى ئەنگە ئالدۇردى، چايچى دېھقانلارنى ھەقسىز تەربىيەلىدى، چاي مەدەنىيىتى، چاي ھۈنەر - سەنئىتى، چاي يېمەكلىكى قاتارلىق ئاق چاي كەسپ زەنجىرىنى كېڭەيتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، خۇاڭدۇ كەنتىنىڭ ئاق چاي تېرىلغۇ كۆلىمى 5000 مودىن 12 مىڭ موغا كېڭىيىپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىلگىرىكى قاقاس تاغ «چاي دېڭىزى»غا ئايلاندى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىمۇ «بىر كۈندە بىر يۈەن تېپىش»تىن يىللىق كىشى بېشى كىرىمى 36 مىڭ يۈەندىن ئېشىشقا ئۆزگەردى.

بېيىغاندا پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇماسلىق، ئاۋۋال بېيىغانلار كېيىن بېيىغانلارنى ئۇنتۇماسلىق.

2018 - يىلى 4 - ئايدا، خۇاڭدۇ كەنتىدىكى 20 پارتىيە ئەزاسى باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، كەنتتىكى ئاق چاي ئۆستۈرۈپ بېيىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، 15 مىليون تۈپ چاي مايسىسى ئىئانە قىلىپ، نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، مۇنداق تەكىتلىدى: «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق، بېيىغاندا پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك»، بۇ سۆز ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان. سۇ ئىچكەندە مەنبەنى ئويلاش، پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇماسلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش، ئاۋۋال بېيىغانلار كېيىن بېيىغانلارغا ياردەم بېرىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك.

ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، 15 مىليون تۈپ چاي مايىسى خۇنەن، سىچۈەن ۋە گۈيجۇۋدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىنىڭ تۆت ناھىيەسىدىكى 34 ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلگەن نامرات كەنتلەردە يىلتىز تارتتى، ئىئانە قوبۇل قىلغان جايدىكى 1862 ئائىلىدىكى 5839 نامرات نوپۇسنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى شۇ يەردىكى، نامراتلارنى يۆلەش ئەزەلدىن بىر يەرنىڭ، بىر ئورۇننىڭ، بىر ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس.

2015 - يىلى 2 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ لياڭجياخېغا قايتىپ باردى. ئۇ ئالايىتەن دالا ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىنى بويلاپ تاغ قىرىنىڭ ئېگىز يېرىدىكى ئالما ئۆستۈرۈش باغچىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى.

يانباغىرغا تىكىلگەن ئالمىنىڭ مو بېشى ھوسۇلىنىڭ 4000 جىڭ ئىكەنلىكىنى، 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنتايىن خۇشال بولدى. 40 نەچچە يىل ئىلگىرى يېزىغا چۈشكەندە يۇرتداشلارنىڭ جاپا تارتىپ تېرىغان زىرائەتلىرىنىڭ مو بېشى ھوسۇلىنىڭ ئاران نەچچە ئون جىڭلىقىنى ئەسلىگىنىدە، ئۇ ئىنتايىن خۇرسەندى.

«ئالما كەسپىنى چوقۇم قەتئىي ھالدا داۋاملىق چىڭ تۇتۇش كېرەك.» باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقى، يەنئەن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باۋتا رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لىيۇ جىڭتاڭنىڭ ھېلىھەم ئېسىدە. «بىز بۇ بىرنەچچە يىلدا باش شۇجىنىڭ يوليورۇقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالما كەسپىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتتۇق. بۇ ئىككى يىلدا مول ھوسۇل ئالدۇق، مو بېشى ھوسۇلى 8000 جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشتى» دېدى لىيۇ جىڭتاڭ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاپەت سەۋەبىدىن ھوسۇل كېمىيىش، ئوخشاش مېۋىنىڭ باھاسى ئوخشاش بولماسلىق، مول ھوسۇل يىلدا مول ھوسۇل ئالالماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى قانداق قىلىپ ياخشى ھەل قىلىشنى تەتقىق قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشانلىق ياردەم بېرىش - يۆلەشتە ئىلگىرى نامرات رايونلار بىلەن ئالاقىسى يوق دەپ قارالغان پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىنى ئالما كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇقىم تىرەككە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئاكسىيە نازارەتچىلىك كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش پىلانلىشى بىلەن، جۇڭگو پۇل مۇئامىلە قەرەللىك مال سودا بىرژىسى نىشانلىق ياردەم بېرىپ، يۆلىگەن شەنشىنىڭ يەنچياڭ ناھىيەسىدە، يېڭىلىق يارىتىپ ئالما «سۇغۇرتا + قەرەللىك مال» پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى —— سۇغۇرتا شىركىتى باغۋەنلەرنى باھا سۇغۇرتىسى بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى، ئەڭ ئاخىرىدا باھا داۋالغۇش خەۋپ - خەتىرى قەرەللىك مال شىركىتى تەرىپىدىن قەرەللىك مال بازىرىدا ئۇدۇللاپ تۇراقلاشتۇرۇلدى.

مەنپەئەتلەنگەن تۇنجى تۈركۈم سىناق نۇقتا ئائىلىلىرىدىن ئەنگوۋ بازىرىنىڭ ئاچىلىك كەنتىدىكى باغۋەن شياۋ جىنگۋاڭ بار. ئۇ 2018 - يىلى بىر جىڭى تۆت يۈەن بويىچە ئائىلىسىدىكى 30 تونىنا ئالمىنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇردى، كېيىن بازار ئەھۋالى داۋالغۇپ، بىر جىڭى 1.8 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى، «ئەگەر ئىلگىرىكىدەك بولغان بولسا يەنە قايتا نامراتلىشىپ كېتەتتىم، ھازىر سۇغۇرتا شىركىتى راستىنلا تۆلەم بەردى، ئىشەنچ بولسا تېخىمۇ غەيرەت بولىدىكەن».

«ئالمىنىمۇ سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرغىلى بولىدۇ!» شياۋ جىنگۋاڭنىڭ كەچۈرمىشى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى. باھا سۇغۇرتىسىنىڭ «باھا»نى قوغدىشى، نامرات كونا رايوندىكى ئالمىنى «ئالتۇن ئالما»غا ئايلاندۇرۇپ، دۆبەي قاتارلىق خەلقئارا بازارلارغا يۈزلەندۈردى.

2019 - يىلى 5 - ئايدا، يەنئەندىكى ھەرقايسى ناھىيەلەر پۈتۈن ناھىيە بويىچە نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، ئالما ھەقىقىي «بېيىش مېۋىسى»گە ئايلاندى.

بىر ئىستاكان سىنچاي، بىر تال ئالما، بىر پارچە خوتۇي، بىر چەينەك ھاراق... بارغانسېرى كۆپ نامرات رايونلاردىكى خاس مەھسۇلاتلار چوڭ شەھەرلەردىكى پۇقرالارنىڭ تاماق ئۈستىلىگە يۈزلەندى.

2018 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ چېڭدۇدا نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا مۇنداق تەكىتلىدى: جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ كۈچىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كەڭ قاتنىشىدىغان ئەندىزىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

2019 - يىلى 11 - ئايدا، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قاتارلىق 15 تارماق «پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە ئورتاق قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش تەشەببۇسى»نى تارقاتتى. نامراتلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە يۆلەش، ساھەلەر بويىچە يۆلەش، جەمئىيەت يۆلەشتىن ئىبارەت ئۆزئارا تولۇقلايدىغان «نامراتلارنى كەڭ كۆلەمدە يۆلەش ئەندىزىسى» تەدرىجىي شەكىللەندى.

(4)

## «ئاجىز قۇشنىڭ ئالدىن ئۇچۇش» ھېكايىسى ——

## «نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە قىلىش كېرەك»

1988 - يىلى، شەرقىي فۇجيەندىكى توققۇز ناھىيەنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئەينى چاغدىكى نىڭدې ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شى جىنپىڭ «ئاجىز قۇش قانداق قىلغاندا ئالدىن ئۇچالايدۇ» دېگەن تېمىدا شەرقىي فۇجيەندىكى توققۇز ناھىيەنى تەكشۈرۈش تەسىراتىنى يازدى.

ئۇ مۇنداق يازدى: «نامراتلىقنا قانائەت قىلىش»، «نامراتلىقتا كۆنۈپ قېلىش»، «ساقلاپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش»، ھەممىدىن ئاغرىنىش قاتارلىقلار، بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم تۈگىتىلىدىغان قاراشلار قاتارىدا بولۇشى كېرەك. ئاجىز قۇش ئالدىن ئۇچۇشقا ئىنتىزار بولىدۇ، ئەڭ نامراتلارمۇ ئالدىن بېيىيالىشى مۇمكىن، لېكىن «ئالدىن ئۇچۇش»، «ئالدىن بېيىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىقتا ئالدى بىلەن كاللىمىزدا مۇنداق ئاڭنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراش كېرەك.

ئەينى چاغدا، نۇرغۇن يولداش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا بولغان ئۈمىدىنى دۆلەتنىڭ كۆپرەك مەبلەغ ئاجرىتىشى، كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىشىغا باغلىۋالغانىدى. يولداش شى جىنپىڭ مۇنداق دەپ قارىدى: «بىز ئورنىمىزنى توغرىلىۋېلىشىمىز لازىم: خام ماتېرىيال، مەبلەغ كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزىمىزگە قويۇشىمىز كېرەك، بۇ ئورۇننىڭ ئۆزگىرىشى ‹ئالدىن ئۇچۇش› ئىشىنىڭ بىرىنچى مۇھىم مەزمۇنى. بىز ھەممە ئىشتا باشقىلارغا يالۋۇرۇشنى ھەممە ئىشتا ئاۋۋال ئۆزىمىزگە تايىنىشقا ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.» «بىز چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان بەزى ساھەدە، نامرات رايونلاردىكى ئۆزگىچە ئەۋزەللىكنى ھازىرلىغان جايلاردا ئادەتتىن تاشقىرى تەرەققىياتنى ئېلىپ بېرىشقا تامامەن قۇربىمىز يېتىدۇ».

«ئالدىن ئۇچۇش»تا، «ئۇچۇشقا جۈرئەت قىلىش» كۆتۈرەڭگۈ روھنى نامايان قىلىش كېرەك.

يولداش شى جىنپىڭ شۇنى بايقىدىكى، فۇجيەندىكى توققۇز ۋىلايەت، شەھەر ئىچىدە ئىقتىساد جەھەتتە 9 - ئورۇندا تۇرغاچقا، نىڭدېدىكى يولداشلار ئۆلكىگە يىغىنغا بارغاندا، ھەممىسى ئەڭ ئاخىرقى رەتتە ئولتۇرۇپ، يۇقىرىراق ئاۋازدا سۆزلەشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىكەن.

يولداش شى جىنپىڭ بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. نىڭدېغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆلكىگە يىغىنغا بارغاندا، ھەممىشە بىرىنچى رەتتە ئولتۇرۇپ، بىرىنچى بولۇپ سۆز قىلىشنى تالاشتى. ئۇ نامراتلارنى يۆلەشتە ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش كېرەكلىكىگە، نامرات رايونلاردا كۆتۈرەڭگۈ روھنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. نامرات ناھىيە، نامرات رايون دەپ بېكىتىلىش سەۋەبى بىلەنلا، بىزنىڭ ناھىيەمىز ئۇنداق - بۇنداق نامرات دېيىشكە كۆنۈپ قېلىپ، ۋاقىت ئۆزئارا غانسېرى، باشقىلاردىن ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاپ، روھىي ئۇرغۇتالماي، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى سەۋەبلىك «نامرات ناھىيە ئېڭى»نى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

«ئالدىن ئۇچۇش» ئېڭى بولغان ئىكەن، يەنە «ئۇچالايدىغان» «قانات» بولۇشى كېرەك.

شىنىڭ شەھەرلىك خۇيزۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى بەي شيۇخۇانىڭ قەلبىدە، 2016 - يىلىدىكى ئاشۇ يۈلەن گۈلى پورەكلەپ ئېچىلغان كۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بىرقانچە مەكتەپتە قىلغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئېلىپ بېيجىڭغا كېلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا يېزا - كەنت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار كۈچىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلدى.

چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىدا، ئۇ ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دېدى: «يېزا - كەنت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى يۇقىرى بولماسلىق مەسىلىسى ھېلىھەم گەۋدىلىك، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلى ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىلى قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۈچى ئاجىز».

(ئاخىرى 3 - بەتتە)